# بالىلار ئىنجىل ى
# تونۇشتۇرۇلدى



# نۇھ ۋە چوڭ
# كەلكۈن

ئاپتورى: Edward Hughes

رەسىمنى سىزغان: Byron Unger; Lazarus
Alastair Paterson

قىسقارتقان: M. Maillot; Tammy S.

ئالاقىلىشىدىغان تور بەت: Bible for Children
www.M1914.org

©2020 Bible for Children, Inc.
ئىجازەتنامە: بۇ ھېكايىنى كۆچۈرۈپ بېسىش
ھوقۇقىڭىز بار.پەقەت سېتىشقا بولمايدۇ.


نۇھ خۇداغا چوقۇنىدىغان ئادەم
ئىدى. باشقىلار خۇداغا ئۆچ ۋە
ئاسىي ئىدى.  بىر كۈنى، خۇدا
ھەيران قالارلىق بىر سۆز قىلدى.
خۇدا: "مەن بۇ رەزىل دۇنيانى
يوقىتىمەن" دېدى،
ۋە نۇھقا:
"پەقەت سېنىڭ
ئائىلەڭلا قۇتقۇزىلىدۇ".

خۇدا نۇھنى ئاگاھلاندۇرۇپ : "چوڭ كەلكۈن
كېلىپ يەر يۈزىنى قاپلايدۇ". نۇھ: "ياغاچ
كېمە، يەنى ئائىلەڭ ۋە نۇرغۇن ھايۋانلار
ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان بىر چوڭ كېمە
ياسىغىن" دەپ بۇيرۇلدى. خۇدا نۇھقا
ئېنىق كۆرسەتمە
بەردى. نۇھ
ئالدىراش



بولۇپ
كەتتى!


نۇھ نېمە ئۈچۈن
كېمە ياساۋاتقانلىقىنى
چۈشەندۈرگەندە كىشىلەر
بەلكىم
مەسخىرە
قىلىشتى. نۇھ
داۋاملاشتۇرىۋەدى.
ئۇ يەنە كىشىلەرگە خۇدا
ھەققىدە سۆزلەپ
بەردى. ھېچكىم
ئاڭلىمىدى.


نۇھنىڭ ئېتىقادى ناھايىتى
كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئىلگىرى
يامغۇر ياغمىغان بولسىمۇ
خۇداغا ئىشەنگەن. ئۇزۇن
ئۆتمەي كېمە ئەشيالارنى
قاچىلاشقا تەييارلاندى.

ئەمدى ھايۋانلارغا نۆۋات كەلدى. خۇدا بەزى تۆرلەردىن يەتتىنى، باشقىلىرىدىن ئىككىسىنى ئېلىپ كەلدى. چوڭ-كىچىك قۇشلار، كىچىك ۋە ئېگىز ھايۋانلار كېمىگە قاراپ يول ئالدى.




بەلكىم كىشىلەر نۇھنى ھايۋانلارنى
يۆكلەۋاتقاندا ھاقارەتلىگەن بولۇشى
مۇمكىن. ئۇلار خۇداغا قارشى
گۇناھ قىلىشنى توختاتمىدى.
ئۇلار كېمىگە كىرىشنى
تەلەپ قىلمىدى.



ئاخىرىدا، بارلىق
هايۋانلار ۋە
قۇشلاركېمىگە
چىقتى. "سەن
ۋە ئائىلىدىكىلىرىڭ
كېمىگە كىرىڭلار" -
دېدى خۇدا نۇھقا. نۇھ ،
ئايالى، ئۈچ ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ
ئاياللىرى كېمىگە كىردى.
ئاندىن خۇدا ئىشىكنى تاقىدى!



ئاندىن يامغۇر ياغدى.
قاتتىق يامغۇر يەر يۈزىنى
قىرىق كېچە-كۈندۈز
چىلاپ قويدى.



كەلكۉن
سۉيى پيزا-بازار
ۋە كەنتلەرگە تۆكۉلدى.
يامغۇر توختىغاندا، تاغلارمۇ سۇ
ئاستىدا ئىدى.  هاۋادىن نەپەس
ئالغانلارنىڭ هەممىسى ئۆلدى.



سۇ كۆتوٰروٰلگەندە، كېمە
ئوٰستٮدە لەيلەپ قالدى.  ئٮچى
بەلكٮم قاراڭغۇ، ئٮگٮز-پەس
بولۇشى مۇمكٮن، ھەتتا
قورقۇنچلۇق بولۇشمۇ
مۇمكٮن.بٮراق كېمە نۇھنى
كەلكوٰندٮن پاناھلاندۇردى.

بەش ئاي كەلكۈندىن كېيىن، خۇدا قۇرۇق
شامال ئەۋەتتى.  ئاستا-ئاستا كېمە ئارارات
تېغىدىنىڭ ئۇستىدە توختىدى.  نۇھ سۇ
تۆۋەنلىگىچە يەنە قىرىق كۈن
ئىچىدە بولدى.



نۇھ كېمىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن قۇزغۇنتى ۋە كۆك كەپتەر ئۇچۇرۇۋەتتى. ئارام ئالىدىغان قۇرۇق پاكىز جاي تاپالمىغان كۆك كەپتەر نۇھقا قايتىپ كەلدى.





بىر ھەپتىدىن كېيىن، نۇھ
يەنە بىر قېتىم سىناپ باقتى.
كەپتەر تۇمشۇقىدا يېڭى زەيتۇن
يوپۇرمىقى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.
كېيىنكى ھەپتە نۇھ كەپتەر قايتىپ
كەلمىگىنىدىن يەرنىڭ
قۇرغانلىقىنى
بىلدى.

خۇدا نۇھقا كېمىدىن ئايرىلىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.  نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرلىكتە ھايۋانلارنى چۈشۈردى.



نۇھ قانچىلىك مىننەتدار
بولغاندۇ ھە! ئۇ بىر
قۇربانلىق سۇپىسى
ياساپ، ئۇنى ۋە
ئائىلىسىنى دەھشەتلىك
كەلكۈندىن قۇتۇلدۇرغان
خۇداغا ئىتائەت قىلدى.





خۇدا نۇھقا ئاجايىپ
بىر ۋەدە بەردى.
ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ
ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى
كەلكۈن بىلەن جازالىمايدۇ.

خۇدا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى
ناھايىتى ياخشى ئەسكەرتتى.
ھەسەن-ھۈسەن
تەڭرىنىڭ ۋەدىسىنىڭ
بەلگىسى ئىدى.


نۇھ ۋە ئۇنىڭ
ئائىلىسىدىكىلەر
كەلكۈندىن كېيىن يېڭى باشلىنىشلارنى
كۆتۈۋالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە
ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى
پۈتۈن يەر شارىنى
قايتىدىن قاپلىدى.
دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر
نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن.

# نۇھ ۋە چوڭ كەلكۈن

خۇدانىڭ سۆزى، ئىنجىلدىن ئېلىنغان بۇھېكايە،

تېپىلغان

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 6-10

"سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسى يېشىلگەندە، نۇر چاچار يولىمىزغا."
زەبۇر 130:119

ئاخرەت

بۇ ئىنجىل ھېكايىسى بىزنى ياراتقان ۋە ئۇنى
تونۇشىڭىزنى خالايدىغان ئېسىل تەڭرىمىز ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

خۇدا بىزنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىمىزنى بىلىدۇ، ئۇ بۇنى گۇناھ دەپ ئاتايدۇ. گۇناھنىڭ
جازاسى ئۆلۈم، ئەمما خۇدا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى
ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن جازالاشقا ئەۋەتتى.
ئاندىن ئەيسا تىرىلدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ جەننەتكە كەتتى! ئەگەر سىز ئەيساغا ئېتىقاد
قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم
قىلىدۇ! ئۇ ھازىر كېلىپ سىزدە ياشايدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشايسىز.

ئەگەر بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسىڭىز، بۇنى خۇداغا ئېيتىڭ:
قەدىرلىك ئەيسا، مەن سىزنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، ھەمدە مېنىڭ
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئادەمگە ئايلاندىڭىز، ئەمدى قايتا ياشايسىز. ھاياتىمغا
كىرىپ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شۇنداق قىلسام مەن يېڭى ھاياتقا
ئېرىشەلەيمەن، بىر كۈنى مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە بولىمەن. ماڭا ئىتائەت
قىلىشىمغا ۋە بالىڭىزدەك ياشىشىمغا ياردەملىشىڭ. ئامىن.

ئىنجىلنى ئوقۇڭ ۋە ھەر كۈنى خۇدا بىلەن پاراڭلىشىڭ! يۇھاننا 3:16